# شى جىنپىڭ خەلقئارا سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋە مائارىپ يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** خەلقئارا سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋە مائارىپ يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم قوزغاتقۇچى كۈچ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئادەم بىلەن ماشىنا ماسلىشىدىغان، ساھە ھالقىپ يۇغۇرۇلىدىغان، ئورتاق بەرپا قىلىپ ھەممىبەھرىلىنىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار دەۋرىنى كۈتۈۋېلىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ. پۈتۈن يەرشارىنىڭ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىگىلەپ، بۆسۈش ئېغىزى ۋە ئاساسلىق ھۇجۇم يۆنىلىشىنى توغرا تېپىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە ھەمكارلىق روھىغا ئىگە زور تۈركۈمدىكى سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ساھەسىدىكى ئالىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مائارىپنىڭ مۇھىم بۇرچى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ مائارىپقا بولغان چوڭقۇر تەسىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋە مائارىپنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، مائارىپتىكى ئۆزگىرىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ، ھەربىر كىشىگە ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولىدىغان مائارىپ، ھەربىر كىشىگە باراۋەر يۈزلىنىدىغان مائارىپ، ھەربىر كىشىگە ماس كېلىدىغان مائارىپ، تېخىمۇ ئوچۇق، جانلىق مائارىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. جۇڭگو دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىللە، دىققەتنى سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىيات ئالدىنقى سېپىدىكى مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان شارائىتتا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش پىكىر يولى ۋە تەدبىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق بەھرىلىنىشنى كېڭەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

# شى جىنپىڭ 6 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىلىرىنى ۋە مېيىپلەرگە ياردەم بېرىش ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ۋاڭ يوڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مېيىپلەر ئىشلىرى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت قارىشىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق مېيىپلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مېيىپلەرنى ھالىلىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزىلاردىكى مېيىپلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، مېيىپلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، مېيىپلەر ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەڭ مېيىپلەر مەملىكەتلىك ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، مېيىپلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا 167 «مەملىكەتلىك ئۆزىنى ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىسى»، 100 «مەملىكەتلىك مېيىپلەرگە ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، 100 «مەملىكەتلىك مېيىپلەرگە ياردەم بېرىشتىكى ئىلغار شەخس»، 100 «مېيىپلەر ئائىلىسى» ۋە 33 «مەملىكەتلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» تەقدىرلەندى. ئۆزى مېيىپ بولسىمۇ ئىرادىسى كۈچلۈك، ئەمالار ئۇۋۇلاش ئىشلىرىغا رىشتە باغلىغان يەن سىنيۈەن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان مىنا تازىلاش قەھرىمانى دۇ فۇگو، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان، قىزغىنلىق بىلەن ئاممىۋى پاراۋانلىققا قاتنىشىپ مېيىپلەرگە ياردەم بەرگەن سۇڭ گۈيخۇادىن ئىبارەت مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئۈچ ۋەكىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىغىندا سۆز قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، چېن شى، خۇ چۈنخۇا، خۋاڭ كۈنمىڭ، شياۋ جيې كۆرۈشۈشكە قاتناشتى، ساۋ جيەنمىڭ، چېن شياۋگۇاڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى جاڭ شېڭمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# تەبرىك خېتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۆۋەتتە، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. كۆچمە ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش، سېزىم تورى، مېڭە ئىلمى قاتارلىق يېڭى نەزەرىيە، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ قوزغىتىشىدا، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار چوڭقۇر ئۆگىنىش، ساھە ھالقىپ يۇغۇرۇلۇش، ئادەم بىلەن ماشىنا ماسلىشىش، كۆپچىلىك ئەقىل ـ پاراستىنى ئېچىۋېتىش، ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىش قاتارلىق يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلماقتا. جۇڭگو يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا، كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئۇچقاندەك ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان قوزغاتقۇچى كۈچ قىلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

دۇنيا ئەقلىي ئىقتىدار يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت دۇنيانىڭ ئەقلىي ئىقتىدار پەن ـ تېخنىكا ساھەسى ئۈچۈن ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى قۇرۇش. كۆپچىلىكنىڭ «ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېڭى دەۋر: ئىلگىرىلەش، ئىستراتېگىيە ۋە پۇرسەت» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىننىڭ تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشمەن!

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى **شى جىنپىڭ**

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تيەنجىن، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىنغا قاتناشقان خەلقئارادىكى داڭلىق كارخانىچىلار، كەسپ ساھەسىدىكى باشلامچى زاتلار ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر قاتارلىق ھەرساھە زاتلىرىنى سەممىي قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. كۆچمە ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش، سېزىم تورى، مېڭە ئىلمى قاتارلىق يېڭى نەزەرىيە، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ قوزغىتىشىدا، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار چوڭقۇر ئۆگىنىش، ساھە ھالقىپ يۇغۇرۇلۇش، ئادەم بىلەن ماشىنا ماسلىشىش، كۆپچىلىك ئەقىل ـ پاراستىنى ئېچىۋېتىش، ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىش قاتارلىق يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى نامايان قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلماقتا. جۇڭگو يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا، كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئۇچقاندەك ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان قوزغاتقۇچى كۈچ قىلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۇنيا ئەقلىي ئىقتىدار يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت دۇنيانىڭ ئەقلىي ئىقتىدار پەن ـ تېخنىكا ساھەسى ئۈچۈن ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى قۇرۇش. كۆپچىلىكنىڭ «ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېڭى دەۋر: ئىلگىرىلەش، ئىستراتېگىيە ۋە پۇرسەت» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى خۇڭجۇڭ شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتى بىزنىڭ سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. تيەنجىن تېخىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدىيە، تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن ئارزۇ بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېڭى دەۋرگە قۇچاق ئېچىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېڭى ئىقتىساد بەرپا قىلىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېڭى تۇرمۇش يارىتىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، «تيەنجىن ئاقىل پورتى» قۇرۇشنى تېزلىتىدۇ.

3 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئەقلىي ئىقتىدار يىغىنى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ، 40 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن داڭلىق كارخانىچىلار، كەسپ ساھەسىدىكى باشلامچى زاتلار سۆزلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرىدۇ.

# مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى رەقەملىك يېزا ـ كەنت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى پروگراممىسىنى بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «رەقەملىك يېزا ـ كەنت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى پروگراممىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پروگرامما» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پروگرامما»دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى. يېزىلارنىڭ ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، توردىكى بىلەن تور سىرتىدىكىسى يۇغۇرۇلغان زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلارنىڭ ئۇچۇر مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش كەمچىل بولۇش، بايلىقنى بىر تۇتاش پىلانلاش يېتەرسىز بولۇش، ئۇل ئەسلىھەلەر ئاجىز بولۇش، رايون پەرقى روشەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېزىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، يېزىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

«پروگرامما»دا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، رەقەملىك يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ 4G بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىنى %98تىن ئاشۇرۇپ، يېزىلاردا ئالاقە تورىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش كېرەك.

2025 ـ يىلىغا بارغاندا، رەقەملىك يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەردە 4G نىڭ ئومۇملىشىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 5Gدىن پايدىلىنىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەر، يېزىلار ئارىسىدىكى «رەقەم جەھەتتىكى ھاڭ»نى كۆرۈنەرلىك كىچىكلىتىش كېرەك.

2035 ـ يىلىغا بارغاندا، رەقەملىك يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىدا تېز ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. شەھەر، يېزىلار ئارىسىدىكى «رەقەم جەھەتتىكى ھاڭ»نى زور دەرىجىدە كىچىكلىتىپ، دېھقانلارنىڭ رەقەملىشىش ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش كېرەك.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، رەقەملىك يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، يېزا ئىگىلىكى كۈچلۈك، يېزىلار گۈزەل، دېھقانلار باي بولۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

# ئەزەلدىن قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ بولغان ئەمەس

## —— «ئامېرىكا جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقتى سەپسەتىسى»نىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتى كەلدى

□ جۇڭ شېڭ

جۇڭگونىڭ تېز تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدىكى بىر مۇھىم تارىخىي مەنزىرە بولۇپ قالدى، خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرمۇ بۇنى «جۇڭگو مۆجىزىسى» دەپ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلدى. ھەم دەل شۇنداق بولغاچقا، بەزىلەر غەلىبە مېۋىسىنى ئوغرىلاش كويىغا چۈشتى، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر نومۇس قىلماي «ئۆتكەن 25 يىلدا بىز جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقتۇق» دەپ لاپ ئۇردى، بۇ خىل سەپسەتە قىلچە ئاساسسىز بولۇپلا قالماي، يەنە كېلىپ ئىنتايىن چەكتىن ئېشىپ كەتتى. بۇ سەپسەتىلەر ئامېرىكىدىكى بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بولۇپ، كىشىلەردە ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ساۋات سەۋىيەسىگە قارىتا ئېغىر دەرىجىدە گۇمان پەيدا قىلدى. بىلمەسلىك باشقا گەپ، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋېلىش قورقۇنچلۇق.

بەزى ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ خىل سەپسەتىسىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو پىربۇۋوت نىسبىتىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق «جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودا تەڭپۇڭسىزلىقىنى پەيدا قىلغان»، ئامېرىكا ـ جۇڭگو سودىسىدىكى تەتۈر بالانس «ئامېرىكا جۇڭگوغا يەتكۈزۈپ بەرگەن بايلىق»قا باراۋەر بولۇپ، جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە «ناھايىتى زور دەرىجىدە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى سېلىنمىسى تۈرتكە بولغان». بۇ خىل سەپسەتە جۇڭگو خەلقى نەچچە ئون يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىراقلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھېسابىغا يېزىپ قويىدۇ، بۇ، پاكىتتىن ئېغىر دەرىجىدە چەتنىگەنلىك، مەنتىقە جەھەتتە تېخىمۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك، دۇنيا ئەھلى بۇنىڭدىن كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى!

«ئامېرىكا جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقتى سەپسەتىسى» بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى، نادانلىقى ۋە بۇرمىلانما پىسخىكىسىنى ئاشكارىلىدى، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن «قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ پىسخىكىسى»نىڭ ئىنكاسى. «ئامېرىكا جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقتى سەپسەتىسى» پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە ھېچقانچە قوللاشقا ئېرىشەلمىدى، خەلقئارادىمۇ پەقەت مەسخىرىگىلا قالدى.

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سودىسىدىكى تەتۈر بالانسنى جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى ۋە خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ئەندىزىسى بەلگىلىگەن. ئامېرىكىدىكى ئىقتىسادشۇناسلار بۇنىڭغا بۇرۇنلا ئاشكارا باھا بېرىپ بولغان. جۇڭگو تاشقى سودىدا ئەزەلدىن بازار قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئادىل سودا قىلىپ كەلدى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا سودىسىدىكى تەتۈر بالانسنى «جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقىش»نىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى دەۋېلىش مەنتىقە جەھەتتىن تېخىمۇ ئاقمايدۇ. يالې داشۆسىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى، مورگان ستانلېي شىركىتى ئاسىيا رايونىنىڭ سابىق رەئىسى ستېفېن روچ ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى 102 دۆلەت بىلەن بولغان تاۋار سودىسىدا تەتۈر بالانس مەۋجۇت، دەپ كۆرسەتتى. مۇشۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيادىكى زور كۆپ ساندىكى دۆلەتنى «قايتا قۇرۇپ چىققان» بولۇپ قالامدۇ؟ بۇنداق گەپ ئېھتىمال مۇشۇنداق ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان «قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ پىسخىكىسى»دىكى كاللىسى ئايلىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭلا ئاغزىدىن چىقىشى مۇمكىن.

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىككى تەرەپلىك سودىسىمۇ ھەرگىز ئامېرىكا جۇڭگوغا بايلىق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان «تاق يۆنىلىشلىك يول» ئەمەس. يەنە كېلىپ ئامېرىكىدا تەتۈر بالانسنىڭ بولۇشى ھەرگىزمۇ جۇڭگوغا بىكاردىنلا پۇل بەرگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا ھەقىقىي نەپكە، سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان تاۋارلارغا ئېرىشتى. ئامېرىكىدىكى سودىگەرلەر جۇڭگوغا بىكاردىنلا پۇل بېرەمتى؟ مەڭگۈ بۇنداق ئۈمىدتە بولماسلىقىمىز كېرەك. گېرمانىيە فېدېراتىپ بانكىسى قاتارلىق 3 ـ تەرەپ ئېلان قىلغان تەتقىقات دوكلاتىدا مۇنداق قارالدى: ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ سودىسىدا جۇڭگوغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ سودا ساپ پايدىسىغا ئېرىشتى. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى ماھىيەتتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ھەمكارلىق. زىيان تارتىدىغان سودىنى ھېچكىم قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇزاق پايدىنى كۆزلەيدىغان، جاھىللىق بىلەن «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش»تا چىڭ تۇرىدىغان ئامېرىكىلىقلار بۇنداق قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ.

ئامېرىكا سېلىنمىسىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ، لېكىن شۇ سەۋەبلىك ئۇنى جۇڭگونىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى 2 ـ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى دېيىش دۇنيا ئەھلى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان مەنتىقە. 1987 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە تاشقى مەبلەغ ئىستاتىستىكا قىلىنغاندىن بۇيان، جۇڭگو ئەمەلىي پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ جەمئىي 2 تىرىليون دوللاردىن كۆپرەك، بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا سالغان مەبلىغى 80 نەچچە مىليارد دوللار بولۇپ، ئاران %4.06 نىلا ئىگىلەيدۇ. 80 مىليارد دوللار بىلەنلا «جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقىش» پەقەت ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك خالاس! تەسەۋۋۇر كۈچى ھەر قانچە باي ئادەممۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ قانداقلارچە بۇنداق يەكۈن چىقارغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ! مۇشۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا سالغان مەبلىغى ۋە مۇلازىمەت سودىسىدىن ئېرىشكەن تاپاۋىتى بىر يىلدىلا نەچچە يۈز مىليارد دوللارغا يېتىدۇ، ئۇنداقتا جۇڭگو ئامېرىكىنى قايتا قۇرۇپ چىقتىمۇ؟!

ئەمەلىيەتتە، «جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقىش سەپسەتىسى» پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى داڭلىق «سىياسىي ھەقىقىي ئەھۋال» تور بېكىتى «پاكىت تەكشۈرۈشى» ئېلىپ بېرىپ، بۇنداق دېيىش ئامېرىكا ـ جۇڭگو ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنى «تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ» تەسۋىرلىگەنلىك، دەپ يەكۈن چىقاردى. ئامېرىكا كاتو تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسى سكوت لىنسكوم مۇنداق قاراردى: بۇنداق دېيىش پەقەت ئىنتايىن كىچىك بىر تەپسىلاتنىلا ئەكس ئەتتۈردى، ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىش جۇڭگونىڭ بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتىنىڭ بىر قىسمى، «ئىسلاھاتلا بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل».

ھەر قانداق دۆلەت تەرەققىي قىلىشتا نېگىزىدىن ئېيتقاندا ئۆزىگە تايىنىدۇ. جۇڭگولۇقلار شۇنى چۈشىنىدۇكى، جۇڭگودىن ئىبارەت 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون نوپۇسى بار مۇشۇنداق غايەت زور ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ باشقىلارنىڭ سەدىقىسى ۋە شاپائىتىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس. دۇنيادا ئېھتىمال «جۇڭگونى قايتا قۇرۇپ چىقىش»تىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئىقتىدار ۋە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بىرەر دۆلەت بولمىسا كېرەك، بۇ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ھەر قانداق بىر كىشى بىلىدىغان داۋلى. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. «باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش» ئەخلاقسىزلىق. جۇڭگو ئىشكىنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش قىلمىدى، بەلكى دەرۋازىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى. ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز زورايتقان بازىرى، ئۈزلۈكسىز كۆپەيتكەن تاشقى مەبلىغى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بەردى. يالې داشۆسىنىڭ ئىقتىسادشۇناسى مۇنداق قاردى: ئەگەر جۇڭگو ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قەرزى ۋە شىركەت سېلىنمىسىغا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ بەرمىگەن بولسا، ئامېرىكا ئۆي مۈلۈك، دۆلەت مۇداپىئەسى ھەم سودا ساھەسىدە كۆپ يىللىق ئېششىنى ساقلاپ تۇرالمىغان بولاتتى، «ئۆزئارا باغلىنىشلىق يەر شارىۋىلاشقان دۇنيادا، كىمنىڭ كىمنى قايتا قۇرۇپ چىققانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس».

ئەزەلدىن قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ بولغان ئەمەس. بۇ دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچى ئىلاھى بولۇش خىيالىدا بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر مەھەل ئاغزىنى تاتلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت، خالاس. بىراق، دۇنيادا ھامان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلىتىپ، كۆرەڭلەپ خۇددىنى بىلمەي، ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچى ئىلاھتەك ھېس قىلىدۇ، ئاقىۋەتتە ھامان ئۆزى تەييارلىغان بىمەنە ئويۇننىڭ پاتقىقىغا پېتىپ، دۇنيا ئەھلىنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. قالايمىقان بىلجىرلاپ نادانلىقىنى ئاشكارىلىغاندىن كۆرە، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، جۇڭگوغا قاراتقان ئاساسسىز ئەيىبلەشلەرنى توختىتىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توغرا قاراپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلغان تۈزۈك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**